# دىن ھەقىقەتەن ئاسان، كىم دىننى قىيىنلاشتۇرسا دىن ئۇنى مەغلۇب قىلىدۇ، توغرىلاڭلار، يېقىنلىشىڭلار، خۇش بىشارەت ئېلىڭلار، ئەتىگەن، كەچقۇرۇن ۋە كېچىنىڭ بىر قىسمىدىن پايدىلىنىڭلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دىن ھەقىقەتەن ئاسان، كىم دىننى قىيىنلاشتۇرسا دىن ئۇنى مەغلۇب قىلىدۇ، توغرىلاڭلار، يېقىنلىشىڭلار، خۇش بىشارەت ئېلىڭلار، ئەتىگەن، كەچقۇرۇن ۋە كېچىنىڭ بىر قىسمىدىن پايدىلىنىڭلار» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «توغرىلاڭلار، يېقىنلىشىڭلار، ئەتىگەن، كەچقۇرۇن ۋە كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئىش قىلىڭلار، ئوتتۇرا ھال بولۇڭلار، نىشانغا يېتەلەيسىلەر»

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بىرەر كىشى دىن ئىشلىرىدا چۇڭقۇرلاپ، قولايلىقنى تاشلىسا، پۈتكۈل ياكى قىسمەن ئەمەلىدىن توختاپ قالىدۇ، شۇڭا ئاشۇرۇۋەتمەسلىن، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇڭلار، ئەڭ مۇكەممىلىنى قىلالمىساڭلار، ئۇنىڭغا يېقىنراقىنى قىلىڭلار، گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئىزچىل ئەمەلگە بېرىلىدىغان ساۋابتىن خۇش بىشارەت ئېلىڭلار. تېتىك ۋە بوش ۋاقتىڭلاردا ئىبادەت قىلىشقا تىرىشىڭلار. نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: «الدين» دېگەن سۆز: قىلغۇچىسى نامەلۇم كېلىپ، پىچ ئوقۇلۇپ ۋە يەنە بىر ھەدىستە: "لن يشاد الدين أحد" دەپ زەۋەر ئوقۇلۇپمۇ كەلگەن. رەسۇلۇللاھنىڭ: «إلا غلبه» دېگەن سۆزى: دىن ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ، چىڭىتقۇچى دىننىڭ يوللىرى كۆپ بولغانلىقتىن قارشىلىششىدىن ئاجىز كېلىدۇ،- دېگەن مەنىدە. «الغدو» ئەتىگەن تەرەپلەردە يول يۈرۈش، «الرواح» كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدا يول يۈرۈش، «الدلجة» كېچىدە يول يۈرۈش دېگەن مەنىدە. بۇ ئوخشىتىش ئۇسلۇبى بولۇپ، توغرا يولدا مىڭىۋاتقان مۇسۇلمان: يۈرتىدىكى ۋاقتىدا كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىشلەپ، ئازراق ئارام ئالىدىغان، سەپەر قىلغاندا كېچىسى مېڭىپ، چارچىغاندا توختاپ، ئارام ئالىدىغان دۇنيا خىزمىتىدىكى ئىنسانغا ئوخشىتىلغان. ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا يۈزلىنىشمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5795